7 ـ قىسىم

# دۇئا، ئىبادەت، روزا تۇتۇش

# دۇئا (ناماز)

## ئىسلام دىنىدا دۇئا (ناماز) توغرىسىدىكى تەلىملەر

• مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئۆتىشى كېرەك. ناماز ئەركىن ھالدا خۇدا بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىشنى ئەمەس، بەلكى ئىبادەت جەريانىدىكى تاشقى شەكىلنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ. ناماز ئۇچۇق ئاشكارا ۋە ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇلىدۇ. مۇسۇلمانلار ھەركۈنى ناماز ئوقۇغاندا قۇرئان ئايەتلىرىنى قايتا-قايتا يادلايدۇ.

• ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن، ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا يولتۇزغا چوقۇنىدىغان بىر دىنى ئېقىم بار بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى 7 ۋاق ناماز ئوقۇيدىكەن، مۇھەممەت شۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ھەر كۈنى 5 ۋاق ناماز ئوقۇشنى بېكىتكەن بولىشى مۇمكىن.

• مۇسۇلمانلار چوقۇم ناماز پەرزىنى ئادا قىلىشى كېرەك. (قۇرئان 2:43)

• ناماز ئوقۇش ئارقىلىق يامان ئىش ۋە گۇناھتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. (قۇرئان 29:45)

نامازنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى ئايەتلەر:

• مۇسۇلمانلار چوقۇم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشى كېرەك. (قۇرئان 4:103)

• كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كەچ كىرگەن دەسلەپكى چاغدا ناماز ئوقۇش كېرەك. (قۇرئان 11:114)

• كەچقۇرۇندا ۋە تاڭ سەھەردە ئاللانى مەدھىيىلەش كېرەك. تۈن كېچە ۋە چۈش ۋاقتىدىكى مەدھىيىلەر ئاللاغا خاستۇر. (قۇرئان 30:17،18)

• چۈشتىن كېيىندىن كەچ كىرگۈچە بولغان ئارلىقتىكى نامازنى، ئەتىگەنلىك نامازنى ۋە كەچنىڭ مەلۇم ۋاقتىدا ئوقۇيدىغان ناماز پەرزىنى ئادا قىلىش كېرەك. (قۇرئان 17:78،79)

• كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ۋە كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، ھەمدە كېچىنىڭ مەلۇم ۋاقتىدا ۋە كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاللانى مەدھىيىلەش كېرەك. (قۇرئان 20:130)

• مۇسۇلمانلار بەش ۋاق نامازنى چوقۇم ئوقۇشى كېرەك، بولۇپمۇ نامازدىگەرنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. ئەگەر دۈشمەنلەردىن قورقسا، پىيادە ياكى (ئاتقا) مىنىپ كېتىۋېتىپ ناماز ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئەمما بىخەتەر بولغاندىن كېيىن، چوقۇم ئاللا ئۆگەتكەن شەكىلدە دۇئا قىلىش كېرەك. (قۇرئان 2:238،239)

نامازدىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا:

● مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن يۈز ۋە قولىنى جەينەكگىچە يۇيىدۇ، بېشىنى سۇ بىلەن سۈرتىدۇ، پۇتىنى ئوشۇققىچە يۇيىدۇ. ئەگەر تىنى مەينەت بولسا پۈتۈن بەدىنىنى سۇ بىلەن يۇيىشى (غۇسلى قىلىشى) كېرەك. ھاراق ئىچىپ مەس بولغان چاغلاردا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر كېسەل بولغان، سەپەرگە چىققان، ھاجەتخانىغا كىرگەن، ياكى جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان چاغلاردا سۇ تاپالمىسا، پاكىز يەردىكى توپىدىن ئېلىپ يۈزىگە ۋە قولىغا سۈرتسە (تەيەممۇم قىلسا) بولىدۇ. (قۇرئان 5:6 ، 4:43)

ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان تەرەپ (قىبلە) توغرىسىدا:

● ھەرقانداق جايدا مەسچىدى ھەرەمگە (مەككىدىكى كەبىگە) يۈزلىنىڭلار. (قۇرئان 2:149، 150)

● مەشرىق ياكى مەغرىپ بولسۇن ھەممىسى ئاللاغا مەنسۇپ. شۇڭا مەيلى قايسى تەرەپكە يۈزلەنسۇن ئاللا شۇ تەرەپتىدۇر. (قۇرئان 2:115)

● ئىبادەت قىلغاندا مەيلى شەرققە ياكى غەرپكە يۈزلەنسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى دۇرۇس دىگىلى بولمايدۇ. دۇرۇس ئىش ئاللاغا، قىيامەتكە، پەرىشتىلەرگە، مۇقەددەس كىتاپلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشتۇر. (قۇرئان 2:177)

ناماز ئوقۇغان چاغدىكى تاشقى قىياپەت توغرىسىدا:

● تىك تۇرۇش (قىيام)، ئېگىلىپ تۇرۇش (رۇكۇ)، يەرگە باش ئۇرۇش (سەجدە) قاتارلىق قىياپەتلەر بار. (قۇرئان 22:26)

● ئېگىلىپ تازىم قىلىش، يەرگە باش ئۇرۇش. (قۇرئان 2:43 ، 22:77)

ناماز ئوقۇغاندا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

● ئەگەر ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئىت، ئېشەك ياكى ئايال كىشى ئۆتۈپ قالسا، ئۇنىڭ نامىزى ئىناۋەتسىز بولىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:9:490)

● ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش گۇناھتۇر (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:9:489)، بۇ ھەم ئوقۇلىۋاتقان نامازنىمۇ ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىدۇ (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:9:488).

● ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئىمامدىن بۇرۇن تۇرۇپ كېتىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:11:660)

● يىغلىپ ناماز ئوقۇغاندا رەتكە تىزىلىش (سەپراس بولۇش) كېرەك (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:11:685،690)، كۆز يوقىرىغا قارىماسلىق كېرەك (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:12:717)، يەرگە باش ئۇرغاندا (سەجدە قىلغاندا) ھەركەتنى تولۇق قىلىش كېرەك (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:12:759)، بولمىسا قىلغان ناماز ئىناۋەتسىز بولىدۇ، ھەتتا ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

● جۈمە نامىزىدا مۇسۇلمانلار قىلىۋاتقان بارلىق سودا-سېتىقنى تاشلاپ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشى كېرەك. (قۇرئان 62:9)

● بارلىق مۇسۇلمانلار ناماز پەرزىنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. (قۇرئان 14:40)

ئاللا مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىغا جاۋاپ قايتۇرامدۇ؟

● مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار گەرچە بەزىدە قۇرئاننىڭ 2:186 ۋە 40:60 ئايەتلىرىنى نەقىل ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا قارىتا ئاللا ئىنكاس قايتۇرىدۇ دىسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىدە، ئاللا كىشىلەرنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا ئىنكاس قايتۇرۇشنى خالايدۇ ياكى ناماز ئوقۇغاندا ئاللا بىلەن بىۋاستە سۆزلەشكىلى بولىدۇ دەپ تەلىم بېرىلمەيدۇ.

○ قۇرئان 2-سۈرە 186-ئايەتتە، ئاللا مۇھەممەتكە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلارغا يېقىن ئىكەنلىكىنى، ناماز ئوقۇغانلارنىڭ نامىزىغا جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (قۇرئان 2:186)

○ قۇرئان 40-سۈرە 60-ئايەتتە، مۇسۇلمانلار ئەگەر ئاللادىن تىلىسە، ئاللانىڭ ئۇلارنىڭ تىلىكىگە جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغان. (قۇرئان 40:60)

● گەرچە بۇ ئىككى ئايەتتە ئاللانىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىغا جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ شەرتى بار:

○ ئاللانىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە تولۇق ئەمەل قىلغان بولىشى كېرەك. دىمەك ئاللا بۇيرۇغان بارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلغان، ئۇنىڭغا مۇخالىپ كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلمىغان بولۇش كېرەك.

○ ئاللاغا ئىشەنگەن بولىشى كېرەك. ئەگەر بۇ سۆز مۇسۇلمانلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان بولسا، ئاللا نىمە ئۈچۈن يەنە ئۇلاردىن ئۆزىگە ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېنىقكى ئاللا ئۇلارنىڭ ئىخلاسمەنلىكىنى جەزملەشتۈرمىگەن. بۇنىڭدىن يەنە شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللا بارلىق ئادەملەرنىڭ دۇئاسىغا چوقۇم جاۋاپ قايتۇرىمەن دەپ كاپالەتلىك قىلمىغان.

○ دۇئا قىلغۇچى توغرا يولدا ماڭغان، ئاللاغا بويسۇنغان تەغدىردىمۇ، ئاللانىڭ

چوقۇم ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلايدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بېرىدىغان ئايەت يوق.

## مەسىھ ئېتىقاتىدا دۇئا قىلىشقا ئائىت تەلىملەر

● مەسىھىيلەرنىڭ دۇئاسى بىۋاستە ۋە ئەركىن بولىدۇ، ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، چىن قەلبتىن سەمىملىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، مەلۇم بىر شەكىل ۋە قېلىپقا چۈشۈرۈۋالمايدۇ. مەسىھىيلەر دۇئانى خۇدا بىلەن سۆزلىشىش دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىدا تىلەك تىلەش، خۇداغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە مەدھىيە ئوقۇش ئاساس قىلىنىدۇ.

● خۇدا روھتۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلماقچى بولغانلار چۇقۇم قەلب روھى ۋە چىن سەمىمىيتى بىلەن ئىبادەت قىلىشى كېرەك. (ئىنجىل-يۇھاننا 24:4)

مەسىھلەر دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن مۇنۇلارنى «تازلاپ» پاكلىنىش كېرەك:

● قەلبنىڭ پاكلىقى تەننىڭ پاكلىقىدىن مۇھىمدۇر. (ئىزاكىيال 27-36:25 ، ئىبرانىلار 22-10:19 ، مەتتا 20-15:18 ، ماركوس 23-7:1 )

●ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئېتىقاتچىلىرىنىڭ قەلبىنى پاكلاپ، كونا ئەھدە (تەۋرات) دەۋرىدىكى بەدەننى يۇيۇپ پاكلاشقا ئائىت قائىدىنىڭ ئورنىنى باستى. (ئىبرانىلار 14-9:10)

● دۇنيانىڭ قۇرۇق خىياللىرى، ھىلە-مىكىر ۋە ساختىپەزلىكتىن ئايرىلىش. (زەبۇر 24:3،4)

● رەزىل قىلمىشلاردىن قول ئۈزۈش. (يەشايا 1:16)

● ئەگەر بىرەر قېرىندىشىنى رەنجىتىپ قويغان بولسا، ئەپۇ سوراپ يارىشىۋىلىش كېرەك. (مەتتا 5:23،24)

● قەلبى يامانلىققا بېرىلگەن ئادەمنىڭ دۇئاسىنى خۇدا ئاڭلىمايدۇ. (زەبۇر 66:18)

دۇئا قىلغان چاغدا يۈزلىنىدىغان تەرەپ:

● ئادەم چوقۇم قەلب روھى ۋە چىن سەمىمىيتى بىلەن دۇئا قىلىش كېرەك، بۇ قايسى جايدا قايسى تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلىشتىن مۇھىمدۇر. خۇدا مۇشۇنداق دۇئانى تەلەپ قىلىدۇ. (يۇھاننا 24-4:19)

دۇئا قىلغان چاغدىكى قىياپەت:

● ئۆرە تۇرۇش. (پادىشاھلارI 8:14،22 ، نەھەمىيا 9:2 ، ماركوس 11:25)

● بېشنى پەس قىلىش، ئېگىلىپ تازىم قىلىش، بېشنى يەرگە قويۇپ سەجدە قىلىش. (نوپۇس سانى 16:22 ، سامۇئىلI 24:8 ، نەھەمىيا 8:6 ، ئېزەكىيال 1:28 ، مەتتا 26:39)

● تىزلىنىش، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈش. (پادىشاھلار 8:54 ، تارىخنامەII 6:13 ، زەبۇر 28:2 ، 95:6 ، 134:2 ، ئەلچىلەر 20:36 ، 21:5 ، تىمۇتىيI 2:8)

دۇئانىڭ ۋاقتى توغرىسىدا:

● مەسىھ ئېتىقاتىدا دۇئانىڭ مۇقىم ۋاقتى بېكىتىلمىگەن، ئېتىقاتچىلار ھەرقانداق ۋاقىتتا دۇئا قىلسا بولىدۇ. (زەبۇر 55:17 ، ئەفەسلىكلەر 6:18)

● ھەردائىم سەگەكلىك بىلەن دۇئا قىلىپ، ئېزىقتۇرۇلۇشلاردىن ساقلىنىش لازىم. (مەتتا 26:41 ، ماركوس 13:33 ، 14:38)

● بەزى ئالاھىدە ئىشلار ئۈچۈن (مەسىلەن كېسەلنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن) ئايرىم ۋاقىت ئاجرىتىپ دۇئا قىلسا بولىدۇ. (ئەلچىلەر 9:40 ، 28:8 ، ياقۇپ 5:13_18 )

● ھەر كۈنى مۇقىم قەرەلدە دۇئا قىلىش. گەرچە تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق مۇقەددەس كىتاپلاردا دۇئانىڭ مۇقىم ۋاقتى بېكىتىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بەزى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئەتىگەندە، چۈشتە ۋە كەچتە مۇقىم ۋاقىت ئاجرىتىپ دۇئا قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن.

دۇئا قىلغاندا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

● دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، گۇناھتىن ئايرىلىش كېرەك. (تارىخنامەII 7:14،15 ، زەبۇر 66:18 ، لۇقا 18:10_14 )

● دۇئا قىلىشتىكى مۇددىئا توغرا بولۇش كېرەك. (ياقۇپ 4:3)

● خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە دۇئا قىلىش كېرەك. (مەتتا 26:39،42،44 ، كورىنتلىقلارII 12:8،9 ، يۇھاننا I 5:14_16 )

● قەلب روھى، چىن سەممىيىتى ۋە ئەقلى ھوشى بىلەن دۇئا قىلىش كېرەك. (يۇھاننا 4:24 ، كورىنتلىقلارI 14:15)

● يۈرەكلىك ھالدا قورقماي دۇئا قىلىش كېرەك. (ئىبرانىلار 4:16 ، يۇھانناI 3:21)

● جىددى ھالەتتە دۇئا قىلىپ تىلەش كېرەك. (لۇقا 11:8)

• دائىم ئۈزۈلدۈرمەي دۇئا قىلىش كېرەك. (تارىخنامەI 16:11 ، لۇقا 8ـ1:18 ، رىملىقلار 12:12 ، كولوسسىلىقلار 4:2 ، سالونىكالىقلارI 5:17)

• ئۈزۈن ۋاقىت دۇئا قىلىش كېرەك. (لۇقا 6:12)

• تىلىگەنگە ئېرىشىمەن دەپ ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلىش كېرەك. (مەتتا 7:7،8 ، 21:22 ، ماركوس 11:24)

• مۇقەددەس روھنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ دۇئا قىلىش كېرەك. (رىملىقلار 8:26 ، ئەفەسلىكلەر 6:18 ، يەھۇدا 20 )

• ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا دۇئا قىلغان ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. (يۇھاننا 14:13،14 ، 15:16 ، 16:23،24)

• دۇئا قىلغاندا گەپ ـ سۆزنى ئۇچۇق ۋە ئۇدۇل قىلىش كېرەك. (مەتتا 6:7)

• دۇئا قىلغاندا باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ئىبادەتخانا ياكى كوچىلاردا تۇرۇۋېلىپ دۇئا قىلىدىغان ساختىپەزلەردەك دۇئا قىلماي، بەلكى ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى يېپىپ، ئەرشتىكى كۆرۈنمەس خۇداغا دۇئا قىلىش كېرەك. (مەتتا 6:5،6)

• دۇئا قىلغاندا خۇدانى تونىمايدىغان يات خەلقلەردەك بىر گەپنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاشقا (ئايەتلەرنى ماشىنا ئادەمدەك قايتا ـ قايتا يادلاپ بېرىشكە) بولمايدۇ. (مەتتا 6:7،8)

**دۇئانىڭ مەزمۇنى:**

• رەب دۇئاسى (مەتتا 13ـ6:9 )

• دۇئا قىلىش، تىلەك تىلەش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش (فىلىپىلىكلەر 4:6)

• خۇدانى مەدھىيىلەش (زەبۇر 8 ، 19 ، 34 ، 150:2 ، ئەفەسلىكلەر 5:19)

• رەبنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىش (ئەلچىلەر 21ـ22:17 )

• گۇناھىغا تۆۋە قىلىش (زەبۇر 51 ، 139:23،24 ، ھوشىيا 14:2 ، لۇقا 18:13)

• ئۆزى ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش (ئەفەسلىكلەر 5:20 ، 1:16 ، كولوسسىلىقلار 1:3)

• باشقىلار ئۈچۈن تىلەك تىلەش

  ○ ھاكىمىيەت سوراۋاتقانلار ئۈچۈن تىلەك تىلەش. (تىموتىيI 2:2)

  ○ زىيانكەشلىك قىلغانلار ئۈچۈن تىلەك تىلەش. (مەتتا 5:44)

○ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئۈچۈن تىلەك تىلەش. (لۇقا 22:32 ، رىملىقلار 1:9،10 ، ئەفەسلىكلەر 1:17،18 ، 6:18)

○ پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن تىلەك تىلەش. (تىموتىI 2:1)

○ خۇدادىن تېخىمۇ كۆپ خىزمەتچىلەرنى ئەۋەتىشنى تىلەش. (مەتتا 9:38)

● ئۆزى ئۈچۈن تىلەك تىلەش

○ كۈندىلىك رىزقىنى تىلەش (مەتتا 6:11)

○ ئەقىل-پاراسەت تىلەش (ياقۇپ 1:5)

○ مۇقەددەس روھنى تىلەش (لۇقا 11:13)

○ گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىكنى، ئېزىقتۇرۇلۇشلاردىن ساقلىنىشنى، رەزىللىكلەردىن يىراق قىلىشنى تىلەش (زەبۇر 141:3،4 ، مەتتا 6:13 )

○ خۇدادىن ئوي-پىكىر ۋە خىياللىرىمىزنى تەكشۈرۈپ تۈزۈشنى، سىنىشنى ۋە تاۋلىشنى تىلەش (زەبۇر 26:2 ، 139:23،24)

● يىغىلىپ دۇئا قىلىش

○ بىر نىيەت بىر مەقسەتتە دۇئا قىلىپ خۇدادىن تىلەش. (مەتتا 18:19)

○ ئۆزئارا بىر بىرسى ئۈچۈن تىلەك تىلەش. (ياقۇپ 5:16)

○ ئېتىقاتچىلار يىغىلىپ بىرلىكتە خۇدانى مەدھىيىلىگەن چاغدا مۇقەددەس روھ ۋە خۇدانىڭ قۇدرىتى ئۇلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. (ئەلچىلەر 31-4:24 ، 12:5،12 ، 16:25)

## نىمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جۈمە كۈنى ، يەھۇدىلار شەنبە كۈنى، مەسىھيلەر بولسا يەكشەنبە كۈنى يىغىلىپ ئىبادەت قىلىدۇ ؟

● جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان كۈنىدۇر.

● ئىسلام دىنىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا مۇھەممەت مۇنداق دىگەن: جۈمە كۈنىدە ئاللا ئادەم ئاتىنى ياراتقان. ئادەم ئاتا جۈمە كۈنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىلگەن، ھەم جۈمە كۈنى جەننەتتىن قوغلانغان. ئۇ جۈمە كۈنى گۇناھىغا تۆۋە قىلغان، جۈمە كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن. قىيامەتتە تىرىلىش كۈنىمۇ جۈمە كۈنىگە توغرا كىلىدىكەن. شۇڭا مۇسۇلمانلار جۈمە كۈنىنى ناھايىتى مۇھىم كۈن دەپ ھىساپلايدۇ.

● قۇرئاندا يىغىلىش كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىكى بارلىق ئىشنى تاشلاپ، دەرھال

مەسچىتلەرگە يىغىلىپ ناماز ئوقۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلغان (قۇرئان 62:9)، ئەمما يىغىلىش كۈنىنىڭ ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى ئىكەنلىكى ئېنىق دېيىلمىگەن.

• ھەدىستە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى (جۈمە كۈنى) يىغىلىپ ناماز ئوقۇشى كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇ توغرىلىق مۇھەممەت مۇنداق دېگەن:

○ گەرچە بىز (مۇسۇلمانلار) بۇ دۇنياغا كېيىن كەلگەن بولساقمۇ، مۇقەددەس كىتابقا بۇرۇنقىلاردىن كېيىن ئېرىشكەن بولساقمۇ، ئەمما كېيىنكى دۇنيادا بىز ھەممىنىڭ ئالدى بولىمىز. يىغىلىش كۈنى ئەسلى ئاللانىڭ بۇرۇنقىلارغا بەلگىلەپ بەرگەن ئۇلۇغ كۈنى ئىدى، ئەمما كېيىن ئۇلار ئۇز ئىچىدىن زىددىيەتلىشىپ بۇ كۈنگە ئەمەل قىلمىغان. شۇڭا ئاللا بىزگە يىغىلىش كۈنىنى قايتا باشلاپ بەردى. يىغىلىش كۈنىنىڭ تەرتىپىگە ئاساسلانغاندا بىز ھەممىنىڭ ئالدى بولىمىز، باشقىلار بولسا كەينىمىزدىن ئەگىشىدۇ. مەسىلەن، يەھۇدىلار شەنبە كۈنى يىغىلىدۇ، ناسارالار (مەسىھىيلەر) بولسا يەكشەنبە كۈنى يىغىلىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:876،896)

○ يىغىلىش كۈنى (جۈمە كۈنى) پەرىشتىلەر مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مەسچىتكە كېلىدىغانلارنى ساقلايدىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:929)

○ يىغىلىش كۈنىدە دۇئا قوبۇل قىلىنىدىغان ئالاھىدە بىر ۋاقىت بار، قايسى بىر مۇسۇلمان دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئاللادىن نېمە تىلىسە، ئۇنىڭ تەلىپى ئىجابەت بولغۇسى. بۇ ۋاقىت ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:935)

• ھازىرقى زاماندىكى بەزى ئالىملارنىڭ (Goittein) قارىشىچە، يەھۇدىلار سابات كۈنىگە (شەنبە كۈنىدىكى دەم ئېلىشقا) تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ھەر جۈمە كۈنى شەھەرلەرگە يىغىلىپ ماللىرىنى ساتىدىغان (جۈمە بازىرى قىلىدىغان) ئادىتى بار ئىكەن. شۇڭا جۈمە كۈنى شەھەر ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ شەھەرلەرگە مال ئالغىلى كېلىدىكەن. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىلىپ ناماز ئوقۇشىغا قولايلىق ئېلىپ كەلگەن. شۇ سەۋەپتىن مۇھەممەت جۈمە كۈنىنى مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان كۈنى قىلىپ تاللىغانىمىش.

• يەھۇدىلارنىڭ شەنبە كۈنى دەم ئېلىش تۈزۈمى خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق يەھۇدىلارغا بەرگەن تەۋرات قانۇنىغا ئاساسلانغان بولۇپ، تەۋراتتا مۇنداق خاتىرلەنگەن. «پەرۋەردىگار خۇدا مۇساغا تاپىلاپ مۇنداق دېدى، سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، سىلەر مېنىڭ سابات (ئارامىلىق) كۈنۈمگە ئەمەل قىلىڭلار. چۈنكى بۇ مەن بىلەن سىلەر ئوتتۇرىمىزدىكى ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقا قالىدىغان بەلگىدۇر ... ئىسرائىللار بۇ مەڭگۈلۈك ئەھدىگە ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە ئەمەل قىلسۇن. بۇ مەن بىلەن ئىسرائىللار ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك بەلگىدۇر، چۈنكى مەن-پەرۋەردىگار

ئالتە كۈندە ئاسمان-زېمىننى ياراتتىم، يەتتىنچى كۈنى ئارام ئالدىم.» (مىسىردىن چىقىش 17-31:12 )

• مەسىھ ساباتچىلار جامائىتى (基督復临安息日会 Seventh-Day Adventist) تەۋراتتىكى يوقۇرقى ئايەتكە ئاساسەن، ھەر شەنبە كۈنى يىغىلىپ دۇئا قىلىدۇ.

• ئادەتتە مەسىھىيلەر يەكشەنبە كۈنى يىغىلىپ دۇئا قىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئەيسا مەسىھنىڭ يەكشەنبە كۈنى تىرىلگەنلىكىنى خاتىرلەش ئۈچۈندۇر. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا مەسىھىيلەر ئىسرائىللار ئەمەس، ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۆلۈپ تىرىلىشى، تەۋرات بىلەن قەدىمقى پەيغەمبەرلەر يازمىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغان. (مەتتا 5:17)

• ئەڭ دەسلەپكى مەسىھ جامائىتىمۇ يەكشەنبە كۈنى يىغىلىپ ئىبادەت قىلغان. بۇنى ئىنجىلدىكى «يەكشەنبە كۈنى ھەزرىتى ئەيسانى خاتىرلەش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولدۇق، ناننى پارچىلاپ يېيىشتۇق» دىگەن ئايەتتىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. (ئەلچىلەر 20:7)

• مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ھەرقانداق چاغدا دۇئا قىلسا بولىدۇ (زەبۇر 55:17 ، ئەفەسلىكلەر 6:18)، ئېھتىياتچانلىق ۋە سەگەكلىك بىلەن ھەرۋاقىت دۇئا قىلىش كېرەك (ماركوس 13:33)، «ئىنجىل-ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى» دىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ ئىبادەت قىلغانلىقى، دۇئا قىلىپ خۇدانى مەدھىيىلىگەنلىكى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان (ئەلچىلەر 31-4:24 ، 12:5،12 ، 16:25)، شۇڭا مەيلى قايسى كۈنى بولسۇن، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە دۇئا قىلسا، بۇ ياخشى ئىشتۇر.

# ئىئانە (زاكات)

## ئىسلام دىنىدا زاكاتقا ئائىت تەلىملەر

• مۇسۇلمانلار زاكات بېرىشى كېرەك. بۇ خىل ئادەملەر ئاللانىڭ توغرا يولىنى تۇتقانلار بولۇپ، غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر. (قۇرئان 31:4،5)

زاكات بېرىشنىڭ ئوبيكتى:

• كەمبەغەللەر، يوقسۇللار، زاكات خادىملىرى، دىلى ئىسلامغا مايىللار، ئازاد قىلىنماقچى بولغان قۇللار، قەرز بولغانلار، ئاللانىڭ يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلار ۋە مۇساپىرلار (قۇرئان 9:60)؛ نامراتلار ۋە ئۆزىنى ئىسلامغا ئاتىغانلار (قۇرئان 2:273).

● زاكات ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، جىهاد ئۇرۇشىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:24:547)

زاكات بەرگەندىكى پوزىتسىيە:

● زاكات قۇبۇل قىلغۇچىغا ئازار بېرىشكە ۋە زىيان سېلىشقا بولمايدۇ. (قۇرئان 2:264)

● زاكاتنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بېرىشكە بولىدۇ (قۇرئان 14:31)، ئاشكارا بېرىش ياخشى ئىش، يوشۇرۇن بېرىش تېخىمۇ ياخشى، چۈنكى ئۇ بىر قىسىم گۇناھنى يۇيىدۇ. (قۇرئان 2:271)

● يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلار، كەمبەغەللەر ۋە مۇساپىرلار ئېلىشقا تېگىشلىك زاكاتنى بېرىش كېرەك، بۇ ئاللانى خۇرسەن قىلىدۇ. (قۇرئان 30:38)

● ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن زاكات بېرىدىغانلار ئاللاغا ۋە قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلاردۇر. (قۇرئان 4:38)

● بۇ دۇنيادىن بىرەر نەرسە تاما قىلىپ زاكات بېرىشكە بولمايدۇ. (قۇرئان 74:6)

زاكات بېرىشنىڭ نەتىجىسى:

● ئادەمنى پاكلايدۇ. (قۇرئان 9:103)

● ئاللانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. (قۇرئان 7:156 ، 21:73)

● ئاللا ھەسسىلەپ ئىلتىپات قىلىدۇ. (قۇرئان 2:261،272،274 ، 30:39)

● ئاللانىڭ ھوزورىدا مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ، مول رىزىققا ئىگە بولىدۇ. (قۇرئان 8:4)

● ئاخىرەتتە قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇدىن خالى بولىدۇ. (قۇرئان 2:274)

جەرىمانە تۆلەپ گۇناھىنى يۇيۇش:

● قەسەمنى بۇزۇشنىڭ جەرىمانىسى، ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرھال يېمەكلىك مىقتارى بويىچە، ئون نامرات ئادەمگە بىر ۋاق تاماق بېرىش ياكى بىر قۇر كىيىم بېرىش، ياكى بىر قۇلنى ئازاد قىلىش كېرەك. بۇلارنى قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن ئادەم ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك. (قۇرئان 5:89)

● چەكلەنگەن ئايدا چەكلەنگەن رايوندا جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. بولمىسا ئوخشاش ساندىكى مال-ۋارانلىرى بىلەن گۇناھىنى يۇيۇش كېرەك، ياكى جەرىمانە

تۆلشى كىرەك، يەنى بىر نەچچە كەمبەغەلنىڭ بىر كۈنلۈك تامىقىنى بېرىش كېرەك، ياكى شۇنىڭغا ماس كەلگۈدەك روزا تۇتۇش كېرەك. (قۇرئان 5:95)

سەدىقە توغرىسىدا:

● سەدىقە ـ باي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىۋاستە ھالدا كەمبەغەللەرگە ئىئانە قىلغان پۇلى ياكى باشقا ماددى بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ.

● مۇھەممەت ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سەدىقە قوبۇل قىلىشىنى چەكلىگەن، چۈنكى سەدىقە «مەينەت» ۋە «ناپاك» بولىدىكەن.

○ ھەرقانداق بىر يېمەكلىك باشقىلار تەرىپىدىن مۇھەممەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنسە، ئۇ ئۇنىڭ سوۋغات ياكى سەدىقە ئىكەنلىكىنى سورايدۇ، ئەگەر سەدىقە بولسا ئۆزى يېمەي ھەمراھلىرىغا يېگۈزىدۇ؛ ئەگەر سوۋغات بولسا بىرگە يەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:47:750)

○ ھەسەن بىن ئەلى (مۇھەممەتنىڭ نەۋرىسى) سەدىقە قىلىنغان خورمىلاردىن بىرىنى يېمەكچى بولغاندا، مۇھەممەت ئۇنىڭغا: «بىزنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسەن؟» ـ دەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:306، 5:2339)

○ مۇھەممەتنىڭ دېيىشىچە، سەدىقە خەلقنىڭ ئىچىدىكى مەينەت، ناپاك نەرسە بولۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ھارام بولىدىكەن. (مۇسلىم ھەدىسلىرى 5:2347،2348، ئەبۇداۋۇت ھەدىسلىرى 19:2979، مالىك 58:58.3.13،15)

○ مۇھەممەتنىڭ دېيىشچە، ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئەر ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن پۇل خەجلەپ، ئاللانىڭ ماختىشىغا ئېرىشمەكچى بولسا، خەجلەنگەن پۇل سەدىقە ھېساپلىنىدىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:64:263،266، مۇسلىم ھەدىسلىرى 5:2192، 13:3997)

## مەسىھ ئېتىقاتىدا ئىئانە بېرىشكە ئائىت تەلىملەر

ئىئانە بېرىش ئۆلچىمى:

● كەمبەغەل يوقسۇل قېرىنداشلىرىغا قولى ئۈچۈق بولۇش كېرەك. (تەۋرات ـ قانۇن شەرھى 15:11)

● ئاچ قالغانلارغا ئاش بېرىڭلار، ئۇسسىغانلارغا سۇ بېرىڭلار، مۇساپىرلارغا ياتاق بېرىڭلار، يالىڭاچلارغا كىيىم بېرىڭلار، كېسەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭلار،

زىنداندا ياتقانلارنى يوقلاپ تۇرۇڭلار. (ئىنجىل-مەتتا 25:35-40 )

● يوقسۇللار ۋە نامراتلارغا تىنى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى بېرىش كېرەك. (ياقۇپ 2:15-17 ، يۇھاننا I 3:17)

● تىلگەنلەرگە تىلىگىنىنى بېرىش، ئارىيەت سورىغانلارنى رەت قىلماسلىق كېرەك. (مەتتا 5:42)

● قېيىنچىلىقتا قالغان تۇل ئايال ۋە يېتىم-يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كېرەك. (ياقۇپ 1:27)

● ئائىلە تاۋاباتلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كېرەك. (تىموتىI 5:8)

يەنە تۆۋەندىكىلەرگىمۇ ئىئانە قىلىش كېرەك:

● خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا ( قانۇن شەرھى 14:22،23 )

● خۇدانىڭ خىزمەتچىلىرىگە،خۇش خەۋەر تارقاتقۇچىلارغا، تەلىم بەرگۈچىلەرگە. (رىملىقلار 15:25-27 ، كورىنتلىقلارI 9:9-14 ، مەتتا 10:10، گالاتىيالىقلار 6:6)

● مەسىھ جامائىتىگە ( ئەلچىلەر 11:29 ، كورىنتلىقلارII 9:9-12 )

ئىئانە بېرىشتىكى پوزىتسىيە:

● ئىئانە يۇشۇرۇنچە بېرىلىشى كېرەك. (مەتتا 6:2-4)

● ئىئانىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن قۇربىنىڭ يېتىشىچە قىلىش كېرەك، مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. (كورىنتلىقلارII 8:2-5 ، 9:6،7 )

● ئىئانىنى كۆپ قىلىش لازىم، ھەمدە تەشەككۇر بىلەن شان-شەرەپنى خۇداغا مەنسۇپ قىلىش كېرەك. (كورىنتلىقلارII 9:11-13 )

● ئىئانە بېرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. (پەند-نەسىھەتلەر 3:9،27،28 ، ماركوس 12: 41-44 )

● ئىئانە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن بېرىلىشى كېرەك. (كورىنتلىقلارI 13:3 ، كورىنتلىقلارII 8:6-9 )

● ئىئانە خالىسانە بولىشى، بىر نەرسە تاما قىلماسلىق كېرەك. (لۇقا 6:34-36 ، 14:12-14 )

● مۇقىم قەرەلدە، نىسبەت بۇيىچە بېرىلسە بولىدۇ. مەسىلەن ھەر يەكشەنبە كۈنى

يىغىلىپ دۇئا قىلغاندا، قىلغان كىرىمنىڭ مەلۇم نىسبىتىنى ئىئانە قىلسا بولىدۇ. (كورىنتلىقلارI 2،16:1)

ئىئانە بېرىشنىڭ نەتىجىسى:

• نامراتلارغا ئىئانە بېرىش گۇناھنى يۇيىدۇ. (دانىئال 4:27)

• خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرىدۇ. (كورىنتلىقلارII 14،9:13)

• مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا بىر-بىرسىنىڭ كەمچىللىكىنى تولۇقلايدۇ. (كورىنتلىقلارII 15-8:13)

• نامراتلارغا پۇل ئىئانە قىلغانلىق، خۇداغا قەرز بېرىپ تۇرغان بىلەن باراۋەر. (پەند-نەسىھەتلەر 19:17)

• خۇدا قىلىنغان ئىئانىنى چوقۇم ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ. (پەند-نەسىھەتلەر 19:17 ، مەتتا 6:4 ، لۇقا 6:38)

• خۇدا بەخت-سائادەت ئاتا قىلىدۇ. (زەبۇر 112:9 ، پەند-نەسىھەتلەر 3:10 ، 11:25 ، 28:27 ، مالاكى 3:10 ، كورىنتلىقلارII 9:8)

• مال-دۇنياسىنى سېتىپ كەمبەغەللەرگە ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئەرشتە بايلىقى بولىدۇ. (مەتتا 19:21)

• خۇدانى خۇرسەن قىلىدۇ. (كورىنتلىقلارII 8:12)

# روزا تۇتۇش

## ئىسلام دىنىدا روزا تۇتۇشقا ئائىت تەلىملەر

• مۇسۇلمانلار رامازان ئېيىدا (ئىسلام كالىندارى 9-ئايدا) ھىلال ئاي كۆرۈنگەن كۈندىن باشلاپ 30 كۈن روزا تۇتىدۇ. بۇ مەزگىلدە كۈن چىققاندىن تارتىپ كۈن پاتقىچە بولغان ئارلىقتا ھېچقانداق يېمەكلىك، ئىچىملىك ۋە باشقا ھوزۇر-ھالاۋەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشقا بولمايدۇ.

• ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا يۇلتۇزغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋم بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر يىلى 30 كۈن روزا تۇتىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. مۇھەممەت شۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ئۆرنەك قىلغان بولىشى مۇمكىن.

● روزا تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە كۈندۈزى ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ (ئەمما كېچىسى بولىدۇ). (قۇرئان 2:187)

روزا تۇتۇشنىڭ سەۋەبى:

● روزا تۇتۇش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. (قۇرئان 2:183)

● رامازان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان، شۇڭا بۇ ئايدا روزا تۇتۇش كېرەك. (قۇرئان 2:185)

● ھەج مەزگىلىدە قۇربانلىق قىلالمىغانلار، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك، ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن يەنە يەتتە كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك. (قۇرئان 2:196)

● مۇھەممەتنىڭ دېيىشىچە ئاللا مۇنداق دېگەن ئىكەن: بەندىلەرنىڭ قىلغان بارلىق ساۋاپلىق ئىشلىرى ئۆزلىرىگە ھېساپ، پەقەت روزا تۇتۇشلا ماڭا ھېساپ، مەن ئۇنى چوقۇم قايتۇرىمەن. روزا تۇتۇش بىر خىل قوغدىنىش تەدبىرىدۇر. روزى تۇتقۇچىلار چوقۇم يامان نىيەت ۋە يامان قىلمىشلارنى تاشلىشى كېرەك. ئەگەر بىراۋ ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلىپ ئۇرۇشماقچى بولسا، ئۇ «مەن روزا تۇتقۇچى» دېيىشى كېرەك. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:1904)

بۇ ھەدىس روزا تۇتۇشنىڭ مۇسۇلمانلارنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ساقلايدىغانلىقىنى بىشارەت قىلغان.

## مەسىھ ئېتىقادىدا روزا تۇتۇشقا ئائىت تەلىملەر

تەۋراتتىكى خاتىرىلەر:

● ھەر يىلى 7-ئاينىڭ 10-كۈنى (يەھۇدى كالىندارى) ئىسرائىللارنىڭ گۇناھقا بەدەل تۆلەش كۈنى بولۇپ، بۇ كۈنى ئىسرائىللار پۈتۈن بىر كۈن روزا تۇتىدۇ، ئىبادەتخانىغا يىغىلىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ، ساغلام قۇشقاردىن بىرنى قۇربانلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر يىل ئىچىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھىغا بەدەل تۆلەيدۇ. بۇ كۈننى خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە ۋەھىي قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن. (تەۋرات-لاۋىيلار 16:29-31 ، 23:27-32 ، نوپۇس سانى 29:7)

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 587-يىلى ئىرۇسالىم ۋەيران قىلىنغان، يەھۇدىلار شۇ كۈننى خاتىرىلەپ ھەر يىلى تۆت كۈن روزا تۇتۇش بەلگىلەنگەن. (زەكارىيا 7:3-5 ، 8:19)

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردىكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسى مەزگىلىدە، خانىش ئىستەرنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەقىل-پاراستى بىلەن يەھۇدىلار بىر قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىپ قالغان. بۇنى خاتىرلەش ئۈچۈن يەھۇدىلار ھەر يىلى روزا

تۇتۇپ دۇئا تىلاۋەت قىلىدۇ. (ئېستەر 9:31)

• پۈتۈن مىللەت قىيىنچىلىقتا دۆچ كەلگەندە روزا تۇتىدۇ. (سەردارلار 20:26 ، تارىخنامەII 20:3 ، ئەزرا 23ـ8:21 ، نەھەمىيا 9:1،2 ، ئېستەر 4:16 ، يۇنۇس 10ـ3:4 )

• شەخسلەر قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا روزا تۇتىدۇ. (سامۇئىلII 23ـ12:16 ، پادىشاھلارI 21:27 ، زەبۇر 35:13 ، 69:10)

روزا تۇتۇشنىڭ جەريانى:

• سەھەردىن تارتىپ گۈگۈم ۋاقتىغىچە بولىدۇ. (سەردارلار 20:26 ، سامۇئىلI 14:24 ، سامۇئىلII 1:12 )

• روزا تۇتۇش بىلەن دۇئا بىرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. (يەرەمىيا 14:11،12 ، نەھەمىيا 1:4 ، ئەزرا 8:21،23)

• روزا تۇتۇش ھەرخىل دىنى پاكلىنىش قائىدىلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. (لاۋىيلار 16:29،31 ، 23:27،29،32 ، نوپۇس سانى 29:7 ، يەشايا 58:3 ، زەبۇر 35:13)

روزى تۇتقان چاغدىكى پوزىتسىيە:

• ئۆزى ياكى پۈتۈن خەلقنىڭ گۇناھىغا تۆۋە قىلىدۇ. (سامۇئىلI 7:6 ، دانىئال 4ـ9:2 ، يوئىل 14ـ2:12 ، ناھۇم 8ـ3:5 )

• جىددى، ئازاپلىق ھالەتتە بولىدۇ. (سامۇئىلI 31:13 ، سامۇئىلII 1:12 ، 3:35 ، نەھەمىيا 6ـ1:4 ، ئېستەر 4:3)

روزى تۇتۇشتىكى مەقسەت:

• خۇدا بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۇنىڭ يېتەكلىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بولىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 34:28 ، قانۇن شەرھى 9:9 ، ئەزرا 17ـ4:15 )

• روزا تۇتۇشقا سەۋەپ بولغان ئازاپلىق ھالەت دۇئانىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. (يوئىل 16ـ1:13)

• روزا تۇتۇشتىكى مەقسەت جاپا تارتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كىلىدىغان خۇشاللىقتا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. (نەھەمىيا 8:9،10 ، زەكارىيا 8:19)

• ئۆزىنى روھى جەھەتتىن قوراللاندۇرۇپ، كەلگۈسىدە زىممىسىگە ئالىدىغان خۇدانىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. مەسىلەن مۇسا

پەيغەمبەر (مىسىردىن چىقىش 34:28) ۋە ئىلياس پەيغەمبەرلەرنىڭ كەچۈرمىشى (پادىشاھلارI 19:8).

● باشقىلار ئۈچۈن روزا تۇتۇش. (ئىزرا 10:6 ، ئەستەر 17_4:15)

● بەزىلەر روزا تۇتقاندا مەنپەئەت قوغلىشىدۇ، ئادەملەرنى جاپالىق ئىشلارغا مەجبۇرلايدۇ، باشقىلار بىلەن دەتالاش قىلىدۇ، ئۇرۇشىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇتقان روزىسىنى خۇدا قوبۇل قىلمايدۇ. (يەشايا 9_58:3)

● يامان ئىشلاردىن قول ئۈزمەي تۇرۇپ تۇتقان روزىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. (يەشايا 58:11،12 ، يەرەمىيا 14:11،12 ، زەكارىيا 7 )

ئەيسا مەسىھ دەۋرىدىكى يەھۇدىلارنىڭ روزا تۇتۇش ئادىتى:

● كېچە_كۈندۈز خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئايال پەيغەمبەر ھانانىيە دائىم روزا تۇتاتتى. (لۇقا 2:37)

● يەھۇدىلار ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن روزا تۇتاتتى. بەزى يەھۇدىلار (پەرىسىيلەر) ھەر ھەپتىنىڭ بىرى ۋە تۆتىنچى كۈنى روزا تۇتاتتى. (مەتتا 18_6:1 ، لۇقا 8:12 )

● چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتلىرىمۇ شۇنداق قىلاتتى. (ماركوس 2:18)

ئەيسا مەسىھنىڭ روزا تۇتۇش توغرىسىدىكى تەلىمى ۋە ئەمەلىيىتى:

● ئەيسا مەسىھ روزا تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ياخشى تەرىپىنى (مەسىلەن ئەستايىدىل دۇئا قىلىش، ئېزىقتۇرۇلۇشلاردىن ساقلىنىش قاتارلىقلارنى) كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ خەتەرلىك تەرىپىنىمۇ (مەسىلەن ساختىپەزلىك قىلىش، خۇدانى سىناش قاتارلىقلارنى) ئەسكەرتىدۇ.

○ ئەيسا مەسىھ مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلىشى بىلەن چۆل_جەزىرىدە 40 كېچە_كۈندۈز روزا تۇتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى قۇراللاندۇرۇپ، كەلگۈسىدە قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. (مەتتا 4_4:1)

○ ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرى بىلەن بىللە بولغان چاغدا، شاگىرتلارنىڭ روزا تۇتۇشى مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. ئەمما ئەيسا مەسىھ ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاش روزا تۇتۇشقا باشلايدۇ. (مەتتا 17_9:14 ، ماركوس 22_2:18 ، لۇقا 39_5:33 )

○ ئەيسا مەسىھ باشقىلارغا كۆز_كۆز قىلىش ئۈچۈن روزا تۇتىدىغان ساختىپەز

دىندارلارنى قاتتىق ئەيىپلەيدۇ. چۈنكى روزىنىڭ ئوبىكتى ئادەملەر ئەمەس، بەلكى خۇدادۇر. (مەتتا 18ـ6:16)

○ ئەگەر دۇئا قىلغان، خەيرى-ساخاۋەت قىلغان ۋە روزا تۇتقان ئادەم ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ھاكاۋۇرلاشسا، باشقىلارنى كەمسىتسە، گۇناھىغا تۆۋە قىلمىسا، خۇدا بۇنداق ئادەمنى ھەققانى دەپ ھىساپلىمايدۇ. (لۇقا 14ـ18:12)

مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ روزا تۇتىشى:

● ئەيسا مەسىھ كونا ئەھدە (تەۋرات) دەۋرىدىكى گۇناھقا بەدەل تۆلەش رەسمىيىتىنى بىر قېتىمدىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن (لاۋىيلار 34ـ16:32 ، ئىبرانىلار 9ـباب) ؛ شۇڭا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ روزا تۇتۇش ئارقىلىق گۇناھىنى يۇيىشىنىڭ ھاجىتى يوق. (ئىبرانىلار 27،7:18)

● مەسىھ جامائىتىنىڭ دەسلەپكى يېتەكچىلىرى دۇئا قىلىپ خۇدانىڭ يېتەكلىشىنى تىلىگەن چاغلاردا روزا تۇتقان. مەسىلەن، خۇشخەۋەر تارقاتقۇچىلارنى تاللىغاندا (ئەلچىلەر 3،13:2) ۋە جامائەت ئاقساقاللىرىنى تاللىغاندا (ئەلچىلەر 14:23).

● ئەلچى پاۋلۇس تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا روزا تۇتقان:

○ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن روزا تۇتقان. (كورىنتلىقلارII 6:5)

○ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولمىغان چاغلاردا (ئاش قالغاندا)، ئۆز رازىلىقى بىلەن غىزالانمىغان. (كورىنتلىقلارII 11:27)